شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2019 - يىل 5 - ئاي
21
سەيشەنبە
维吾尔文 5月21日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24702 - سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يېقىندا «ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھايات بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك. پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، خەلقنى يېمەكلىكتىن خاتىرجەم قىلىش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجى يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويدى. ئىسلاھ قىلىش - يېڭىلىق يارىتىشنى جەزمەن چوڭقۇرلاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

«شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى ئۆگىنىش تېزىسى» پۈتۈن ئارمىيەگە بېسىپ تارقىتىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى پۈتۈن ئارمىيەنىڭ شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، ئىزچىللاشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا مېڭىپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشلىرىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ھەربىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى «شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى ئۆگىنىش تېزىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «تېزىس» دېيىلدى)نى تۈزۈپ بېسىشنى تەشكىللىدى، يېقىندا رەسمىي نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ماركسىزملىق ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەسىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش، دەۋرلەشتۈرۈشتىكى يېڭى ھالقىش بولۇپ، پارتىيەنىڭ ھەربىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش نەزەرىيەسىنىڭ يەنە بىر قېتىم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

«تېزىس» كىرىش سۆز، ئاساسىي قىسىم، خاتىمەدىن تەركىب تاپقان، جەمئىي 18 قىسىم، 85 تارماق بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، ئىلمىي سىستېمىسى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى، ئەمەلىيەت تەلىپى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، ئۇ شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي دەرسلىك ماتېرىيالى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك

شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭ دېڭخۇا سۆز قىلدى، شاۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاتناشتى، لى پېڭشىن خۇلاسە سۆزى قىلدى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەملىكەتلىك مائارىپ يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جۇڭ دېڭخۇا سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شاۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن خۇلاسە سۆزى قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ مائارىپ خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتايلى

☐ **گېزىتىمىز ئوبزورچىسى**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەملىكەتلىك مائارىپ يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مائارىپنىڭ ئىسلاھات - تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ۋەزىيىتىدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. يىغىندا دىققەت ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، مائارىپ خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەر چوڭقۇر ئانالىز قىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مائارىپ خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. يىغىن ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەرنى خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش، ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل · كۈرەشچان يېڭى دەۋر

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا چوڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

تاشساي كەنتى: تاغدىن چۈشكەن چارۋىچىلار بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە

☐ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **شۇ جيەن، مېھرىگۈل ناسىر، خې شىنشى، جانات تولقىن**

چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىن ئاپتوموبىللىق يولغا چىقىپ، دۆلەت يولى 315 - لىنىيەسىنى بويلاپ 100 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ غەربىي چوڭ دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان ۋاششەرى بازىرىنىڭ تاشساي كەنتىگە يېتىپ كەلدۇق.

تاشساي كەنتى چاقىلىق ناھىيەسىدىكى چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش بويىچە مەركەزلىك ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى. 2008 - يىلى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ «ئادەم ۋە چارۋىلارنى تاغدىن چۈشۈرۈش، يېشىللىقنى ئېگىزلىكتە قالدۇرۇش» خىزمەت تەپەككۇرى بويىچە، چاقىلىق ناھىيەسى ئولتۇراقلاشتۇرۇپ چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 243 ئائىلىلىك چارۋىچىنى كۆچۈرۈشنى تاماملىدى. بۈگۈنكى كۈندە تاشساي كەنتىدە ھەممە ئائىلە ئەمىن ئۆيگە ماكانلاشتى، ھەربىر ئائىلىنىڭ 20 مو يېرى بار، سۇ، توك، يول، تور قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق، يەنە 40 ئائىلىلىك ئالدىن تەبىئىي گاز ئىشلەتتى.

تاغدىن چۈشكەن چارۋىچىلارنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، شۇ جايدىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، چاقىلىق ناھىيەلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەكتەپ ئاپتوموبىلى بۇ ناھىيەنىڭ ۋاششەرى بازىرى تاشساي كەنتىگە دەل ۋاقتىدا كېلىپ باللارنى مەكتەپكە ئېلىپ ماڭدى. ☐ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى خې شىنشى فوتوسى

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە

—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئالتاي ۋىلايىتى كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، ئىقتىسادى ئاجىز كەنتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتتى

مۇخبىرىمىز **جاڭ تىڭ**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **جاڭ شىنمېي** خەۋەر قىلىدۇ: «يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن، كەنتىمىزنىڭ كۆكتات پارنىكىدا يېڭى ئۆسكەن موگۈلار بازارغا سېلىنىدۇ. ھازىر، جەمئىي 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 8000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق كۆلەمدىكى، تولۇق كۈرۈنۇشلۇق، قۇياش نۇرى ئېنېرگىيەسىنى زاپاس ساقلايدىغان، ئېنېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەن بۇ چوڭ لاپاسلىق پارنىك گۈزەل مەنزىرىگە ئايلاندى» دېدى بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى كۆكئاغاش يېزىسى ئاقئۆتكەل كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى داۋلېن رىشات يېقىندا خۇشال ھالدا.

«شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئالتاي ۋىلايىتى تارقاتقان كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ پايدىسى بىلەن 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرى، كەنتىمىزدە يېڭىدىن سېلىنغان ئالتە لاپاسلىق پارنىك ۋە ئىككى دۇكان ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى. بۇ يىل كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ كىرىمى 230 مىڭ يۈەنگە يېتىشنى مۆلچەرلەۋاتىمىز» دېدى داۋلېن رىشات.

بۇ كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكى كىرىمىدىن پايدىلىنىپ، «گۈزەل يېزا - كەنت» قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، كېيىنكى قەدەمدە مىللىي ئۆرپ - ئادەت كەنتى بەرپا قىلىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىنى ساياھەتچىلىكتىن پۇل تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى پىلانلىدى.

ئاقئۆتكەل كەنتىدىن ئىبارەت ئىلگىرىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىن قىلىدىغان يىللىق كىرىمى 50 مىڭ يۈەنگە يەتمەيدىغان بۇ نامرات كەنتتە يۈز بەرگەن خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، ئىقتىسادى ئاجىز كەنتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتقانلىقىنىڭ بىر ئىخچام كارتىنىسى ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالتاي ۋىلايىتى كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، ئىقتىسادى ئاجىز كەنتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتتى. ھازىرغا قەدەر، بۇ ۋىلايەت ئۇدا ئۈچ يىل تۆۋەنگە مەخسۇس تۈردىكى يۆلەش مەبلىغىدىن جەمئىي 20 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، ئىقتىسادى ئاجىز 78 كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى يۆلىدى، 78 كەنتنىڭ ھەربىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 127 مىڭ يۈەن بولدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

چاڭجياڭ دېلتىسى رايونى قول تۇتۇشۇپ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئالغا سىلجىتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر چېن ئەيپىڭ) چاڭجياڭ دېلتىسىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شاڭخەي، ئەنخۇي، جياڭسۇ، جېجياڭ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى قول تۇتۇشۇپ ئالغا سىلجىتتى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن «چاڭجياڭ دېلتىسى - جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىتتىپاقىنىڭ شاڭخەي تونۇشتۇرۇش يىغىنى»دا، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتى ئۆز جايىنىڭ مول ساياھەت بايلىقى ۋە قويۇق مىللىي ئۆرپ - ئادىتىنى نامايان قىلدى ھەم شاڭخەي، جياڭسۇ، جېجياڭ، ئەنخۇيدىن ئىبارەت تۆت جاينىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابلىرى ھەم 100دىن ئارتۇق ساياھەت كارخانىسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى يەنە بىر تۈرلۈك ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مۇھىم تەدبىرى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىكى-يېتەكچىلىكى شىنجاڭدا

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت سىستېمىسى كەسپتىكى قالايمىقانچىلىقلارنى مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇردى

ساغلام، تەرتىپلىك بازار مۇلازىمىتى مۇھىتى يارىتىلدى

مۇخبىرلىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ، ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى مەدەنىيەت - ساياھەت مۇلازىمىتى مۇھىتى ۋە بازار تەرتىپىنى مەخسۇس تۈزەشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، كەسپتىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئېنىقلاپ، رەتكە سېلىپ، ساغلام، تەرتىپلىك مەدەنىيەت - ساياھەت بازىرى مۇلازىمەت مۇھىتى ياراتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە تۈزىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەم خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، «قالايمىقان» «قارا كۈچ» «رەزىل كۈچ» «كۈنلۈك» «چىرىكلىك»كە چېتىشلىق يىپ ئۇچلىرىنى كەڭ كۆلەمدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

天山网 APP
新疆日报网
微信公众号
新疆头条 APP